# 130021 - تولۇق پاكلانغاندىن كېيىن كەلگەن بىر قانچە تامچە قان ھەيز ھېسابلانمايدۇ

## سوئال

رامزاندا تۆت كۈن روزا تۇتتۇم، ئاندىن ئادەت كۆردۈم، ئادىتىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يۇيۇنۇپ پاكلاندىم، روزا تۇتۇشنى باشلىدىم، لىكىن بۇ جەرياندا بىر قانچە تامچە قان كەلدى ۋە توختىدى، پاكىزلىنىپ روزا تۇتتۇم، ئىككىنچى قېتىم يەنە كەلدى، رامزان ئاخىرلاشقىچە شۇنداق داۋاملاشتى، بۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلىشىم كېرەك؟. بۇ ھەقتەچۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

ئەگەر ئىش سىز سوئالدا بايان قىلغاندەك بولسا، ئايلىق ئادەتتىن تولۇق پاكلانغاندىن كېيىن كەلگەن بىر قانچە تامچە قان ھەيز ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى ئۇ داۋاملىشىدىغان قان ئەمەس، ئۇنداق بولغاندىكىن ئۇ ھەيزنىڭ ھۆكمىدە بولمايدۇ. سىز گەرچە بىر قانچە تامچە قان بولسىمۇ باشقا ئۇزۇرلۇك كىشىلەر ۋە خۇن كېسەللىكى بولۇپ قالغان ئاياللارغا ئوخشاش ھەر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە يېڭىدىن تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇۇڭ، روزا تۇتۇڭ، ئاشۇ كۈنلەردە تۇتقان روزىڭىز توغرا بولىدۇ.

ئاللاھ ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلسۇن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

پەتۋادا سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات، دىنى تەشۋىقات پەتۋا كومىتېتى ئەزالىرىدىن: شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز، شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئال شەيخ، شەيخ سالىھ پەۋزان، شەيخ بەكىر ئەبۇ زەيد قاتارلىقلار. ["دائىمي كومىتېت پەتۋاسى ئىككىنچى بۆلۈم" 9 -توم 83-بەت].